## 111964 ـ هامىلدار ئايالنىڭ تىنچ-سالامەت تۇغۇشى ئۈچۈن مەلۇم بىر سۈرىنى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدا

---

### سۇئال

مەن هامىلدار، ئاللاھدىن سالىھ پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن، مەن بىر كىشىدىن هامىلدار ئايال هەر كۈنى تەرتىپلىك هالەتتە مەريەم سۈرىسىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ تۇغۇت ئىشى ئاسان بولىدۇ، سۈرە يۈسۈپنى ئوقۇپ بەرسە بالىسى گۈزەل بولىدۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم، بۇ سۆزلەرنى كۈچلاندۇرىدىغان سەھىھ هەدىسلەر بارمۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئىسلام شەرىئىتىدە هامىلدار ئايال قۇرئان كەرىمدىن مۇئەييەن بىر سۈرىنى ئوقۇپ بەرسە پەرزەنتىنىڭ ئەقىللىق ۋە گۈزەل بولۇشىغا تەسىرى بولىدۇ دېگەننى ئىسپاتلايدىغان بىرەر دەلىلنى بىلمەيمىز، دەلىل، ئىسپاتسىز بۇنداق سۆزلەرنى قىلغان كىشى ئاللاھ هەققىدە بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى دېگەن بولىدۇ.

بەزى تور كۇلۇپلىرىدا بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ تەرجىبىلىرىگە ئاساسەن تارقاتقان سۆزلىرىگە تايىنىش توغرا بولمايدۇ، ئىلمى تەتقىقات دېگەن پەقەت پىرىنسىپلىق بولسا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، كەڭ ئەۋرىشكىلەرنى ئۆز ئېچىگە ئالغان ئېستاتېسكا، تەدرىجى باسقۇچلار، ئۆلچەشلەر سەۋەپ ۋە نەتىجىلەرنى چەكلەشكە تايىنىدۇ، بۇ ئۇزۇن يىللارغا ئېهتىياجلىق بولىدىغان بىر ئىش، ئومۇمى سۆز، خام-خىيالغا يېقىن ئەمەس، بەلكى يالغاندىن راستلىقى بىلىنمەيدىغان ئىشتۇر.

هەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنىڭ هەممىسى ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە ئەجىر-ساۋاقتۇر، لېكىن بۇنىڭدىن بىز ئۆزىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن مەقسەت قىلغان هەرقانداق ئىشنى قۇرئان كەرىمگە نىسبەت بېرىش دېگەنلىك ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاءُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ تەرجىمىسى: «ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا هېچ مەبۇد (بەرهەق) يوقتۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [سۈرە ئال-ئىمران 6-ئايەت].

ئىمام قۇرتۇبىي رەهىمەهۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يەنى چىرايلىق، سەت، قارا، ئاق، ئېگىز، پاكا، ساغلام، ئەيىپلىك ۋە باشقا ئىشلاردىن ئىبارەت". ["جامى ئەهكامۇل قۇرئان" 1-توم 927-بەت].

شۇنداقتىمۇ، ھامىلدار ئايال قۇرئان كەرىمنى ئۆزى ئوقۇش ۋە ئاڭلاشقا ئادەت قىلىۋالسا ياخشى بولىدۇ، تىببى تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشچە، تۆرەلمە سىرتتىقى ئاۋازلارنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايدىكەن، ئاۋاز قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ ئاۋازى بولسا، ئۇنىڭدىن پايدا مەنپەئەتنىڭ ھېچقانداق بىر تۈرىنى بىكىتمەستىن پەقەت مۇشۇ تۆرەلمىگە ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئۈمىد قىلىنىدۇ.

بىز سوئال سورىغۇچى ھەمشىرىمىزگە شەرئى دەلىل توغرىسىدا ئىزدىنىپ بىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز، بۇنداق قىلىشنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پرىنسىپلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.